دۆلەتلىك «11 - بەش يىللىق پىلان» مەزگىللىدىكى نۇقتىلىق كىتاب تۈرى

# ئانىنىڭ كۆڭلى بالىدا

## ئەقىل - پاراسەت قىسمى

تۈزگۈچىلەر: ۋاڭ فاڭ قاتارلىقلار
رەسىمىنى سىزغۇچىلار: لى چۈەنخۇا، جۇ چۈنگېن قاتارلىقلار

3-4 ياشتىكى بالىلار ئۈچۈن

ئەڭ يېڭى نۇسخا

ئائىلىدە بالىلارنىڭ ئەقلىي ئىقتىدارىنى يېتىلدۈرۈش قوللانمىسى

مىللەتلەر نەشرىياتى






ئۇيغۇر كىتاب تورپېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى



# ئانىنىڭ كۆڭلى بالدا

ئەڭ يېڭى نۇسخا

3 ــ 4 ياش

ئائىلىدە بالىلارنىڭ ئەقلىي ئىقتىدارىنى يېتىلدۈرۈش قوللانمىسى

## ئەقىل ـ پاراسەت قىسمى

图书在版编目（CIP）数据

半小时妈妈. 3~4岁. 智力篇：维吾尔文/王芳等编；海力古丽·衣不拉音译. —北京：民族出版社，2008.7
（托起明天的太阳. 民文青少年读物丛书）
ISBN 978-7-105-09498-1

Ⅰ. 半… Ⅱ. ①王…②海…Ⅲ. 智力开发—学前教育—教学参考资料—维吾尔语（中国少数民族语言）Ⅳ. G613

中国版本图书馆CIP数据核字（2008）第108954号

本书根据浙江少年儿童出版社2006年6月第4版第36次印刷版本翻译出版。

بۇ كىتاب جېجياڭ ئۆسمۈرلەر نەشرىياتىنىڭ 2006 ـ يىلى 6 ـ ئايدىكى 4 ـ نەشرى 36 ـ باسمىسىغا ئاساسەن تەرجىمە ۋە نەشر قىلىندى.

翻　　译：海力古丽·衣不拉音
责任编辑：胡达白尔的
责任校对：哈尔木拉提
制　　作：伊萨克江·伊布拉英

تەرجىمە قىلغۇچى: خەيرىگۈل ئىبراھىم
مەسئۇل مۇھەررىر : خۇدابەردى خېلىل
مەسئۇل كوررېكتور: خالمۇرات ئىمىن
بەتچىك : ئىسھاقجان ئىبراھىم

出版发行：民族出版社出版发行
http://www.e56.com.cn
社　　址：北京市东城区和平里北街14号
电　　话：010_64290862（维文室）邮编：100013
印　　刷：民族印刷厂印刷
开　　本：889毫米×1194毫米　1/24
印　　张：2.584
版　　次：2008年7月第1版　2008年7月北京第1次印刷
印　　数：0001—3000册
定　　价：7.00元
ISBN 978-7-105-09498-1/G.1698　（维399）

نەشر قىلغۇچى: مىللەتلەر نەشرىياتى
http://www.e56.com.cn
ئادرېسى: بېيجىڭ شەھىرى خېپىڭلى شىمالىي كوچا 14 ـ قورۇ
پوچتا نومۇرى: 100013
تېلېفون نومۇرى: 010_64290862
ساتقۇچى: جايلاردىكى شىنخۇا كىتابخانىلىرى
باسقۇچى: مىللەتلەر باسما زاۋۇتى
نەشرى: 2008 ـ يىل 7 ـ ئايدا بېيجىڭدا 1 ـ قېتىم نەشر قىلىندى
بېسىلىشى: 2008 ـ يىل 7 ـ ئايدا بېيجىڭدا 1 ـ قېتىم بېسىلدى
ئۆلچىمى: 889×1194م م. 24 كەسلەم
باسما تاۋىقى: 2.584　سانى: 3000 — 0001
باھاسى: 7.00 يۈەن



www.uyghurkitap.com

# مۇندەرىجە


تاماق يەيدىغان بولدۇق؟ ..... 2

چېكىت سىزىش ..... 3

نېمە كەم؟ ..... 4

توشقاننىڭ ئۆيىگە قايتىشى ..... 5

بەدىنى قەيەردە؟ ..... 6

قانداق ھادىسە يۈز بېرىدۇ؟ ..... 7

دوست ئىزدەش ..... 8

چوڭ ـ كىچىكلىكنى سېلىشتۇرۇش ..... 14

كىم تېز يۈگۈرەيدۇ؟ ..... 15

ئېيىقنىڭ دەريادىن ئۆتۈشى ..... 16

ئۇلار كىملەر؟ ..... 17

كۈندۈز بىلەن كېچە ..... 18

ئاسلاننىڭ قارماق سېتىۋېلىشى ..... 19

ئوخشاشلىقلارنى تېپىش ..... 20

نېملەر يوقاپ كېتىپتۇ؟ ..... 21

رەسىملەرنى قۇراشتۇرۇش ..... 23

توخۇ چۈجىسى بىلەن ئۆردەك چۈجىسى ..... 24

كىم چاققان؟ ..... 26

نېملەر ئوخشمايدۇ؟ ..... 27

كىمنىڭ شارى؟ ..... 28

كىمنىڭ ئايىغى؟ ..... 29

پەرقنى تېپىش ..... 30

كەيندە كىم بار؟ ..... 32

تۆلكە بىلەن مايمۇن ..... 33

ئايرىپ بېقىڭ ..... 34

قۇشلارنى ئۆيىگە ئاپىرىپ قويۇش ..... 36

كەمتۈك رەسىملەر ..... 38

ئېغىر ۋە يېنىك ..... 39

يۇقىرى ۋە تۆۋەن ..... 40

كىمنىڭ قول ياغلىقى بالدۇر قۇرۇيدۇ؟ ..... 41

يېمەكلىك ئىزدەش ..... 42

ياغاچ قونچاق ..... 43

گۈللۈك يول ..... 44

ياخشى كۆرۈدىغان يېمەكلىكلەر ..... 46

پىشلى پاقا قەيەردە؟ ..... 47

قايسىسى ئارتۇق بولۇپ قالغاندۇ؟ ..... 48

ئۆيدىن چىقىۋاتامدۇ ياكى ئۆيگە كىرىۋاتامدۇ؟ ..... 49

بۇ قانداق پۇراق؟ ..... 50

كىمنىڭ ئۆيى؟ ..... 51

بوجەنلەر ئۆيىگە قايتماقچى ..... 52

ئىزدەپ بېقىڭ، ئەستە تۇتۇۋېلىڭ ..... 53

توشقان بىلەن تاشپاقىنىڭ يۈگۈرۈش مۇسابىقىسى ..... 54

چاشقانچاقنىڭ ئۆيى ..... 55

سۇ نەگە يوقلىپ كەتتى؟ ..... 59

تاش نەگە كەتتى؟ ..... 60




# تاماق يەيدىغان بولدۇق

(كۆزىتىش ئىقتىدارى)



تاماق ۋاقتى بولدى! بىراق كىمنىڭ ئالدىدىكى قاچا-قۇچىلار خاتا تىزىلىپ قالغان؟ قېنى تېپىپ بېقىڭ.

**ئەسكەرتىش**

بالىغا ئائىلىدە قاچا-قۇچىلارنى تىزىشنى ئۆگىتىش، ئۇلارنىڭ ئاساسىي تۇرمۇش بۇيۇملىرىنى تونۇۋېلىشىغا ياردەم بېرىپلا قالماستىن، يەنە ئەمگەك قىلىش جەريانىدا ئۆزىنىڭ ئىشنى ئۆزى قىلىش ئىقتىدارىنى ئۆستۈرىدۇ.




# چىكىت سىزىش

(بوشلۇق سەزگۈسى)

قېنى ئاستىدىكى رەسىملەرنى ئۈستىدىكى رەسىملەرگە ئوخشاش قىلىپ ئۆزگەرتىپ بېقىڭ!

**ئەسكەرتىش**

بۇ ئويۇن بالىنىڭ بوشلۇق سەزگۈسىنى چېنىقتۇرۇشقا پايدىلىق. ئانا مۇشۇ تۆردىكى رەسىملەرنى كۆپرەك سىزىپ بېرىپ بالىنى مەشىق قىلدۇرسا بولىدۇ.



www.uyghurkitap.com


# نيمە كەم؟

(كۆزىتىش ئىقتىدارى)


ئالدى بىلەن ئۇلارنىڭ قايسى هايۋانلار ئىكەنلىكىگە هۆكۈم قىلىڭ، ئاندىن ئىنچىكە كۆزىتىپ، ئۇلارنىڭ كەم ئەزالىرىنى ئېيتىپ بېرىڭ.











**ئەسكەرتىش**

بالا بۇ هايۋانلارنى تونۇپ چىققان هەم نېمىلەرنىڭ كەملىكىنى بىلگەندىن كېيىن، ئانا بالىغا رەسىمدىكى كەم قالغان قىسىمنى تولۇقلاپ سىزدۇرسا بولىدۇ.

# توشقاننىڭ ئۆيگە قايتىشى

(كۆزىتىش ئىقتىدارى)





توشقان قايسى يول بىلەن ماڭغاندا ئۆيگە يېتىپ بارالايدۇ؟ قېنى سىز ئۇنىڭغا ياردەم قىلىڭ.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

(ھۆكۈم قىلىش ئىقتىدارى)

# بەدىنى قەيەردە؟







ئوڭ تەرەپتىكى ھايۋانلارنىڭ بەدىنى قەيەردە؟ قېنى تېپىپ چىقىڭ ھەم سىزىق ئارقىلىق تۇتاشتۇرۇڭ.





# قانداق ھادىسە يۈز بېرىدۇ؟

(ھۆكۈم قىلىش ئىقتىدارى)

بۇ نەرسىلەرنىڭ ھەممىسىنى داستىكى سۇغا سالساق قانداق ھادىسە يۈز بېرىدۇ؟ قېنى تېز سىناپ بېقىڭ!


**ئەسكەرتىش**

ئانا بالا بىلەن بىللە ئۆيدىكى تېخىمۇ كۆپ نەرسىلەرنى تېپىپ چىقىپ لەيلىتىپ ۋە چۆكتۈرۈپ ئوينىسا بولىدۇ. بۇ ئارقىلىق بالىغا قايسى نەرسىلەرنىڭ سۇدا لەيلەيدىغانلىقىنى، قايسى نەرسىلەرنىڭ چۆكىدىغانلىقىنى ئاددىي ھالدا چۈشەندۈرگىلى بولىدۇ.

www.uyghurkitap.com

# دوست ئىزدەش


(ئەقىلنى ئېچىشقا پايدىلىق ھېكايە)




چاشقانچاق بىر ياخشى دوست تېپىپ بىللە يامىشىپ چىقىپ-چۈشۈپ ئوينىماقچى بولۇپتۇ. ئۇلار چاشقانچاققا دوست بولالامدۇ؟ ياق! ئۇلار دېگەن ئويۇنچۇق تۇرسا، ئۇلار مىدىرلىيالمايدۇ-دە!











ئۇ چاشقانغا دوست بولالامدۇ؟ ياق! بىراق ئۇ سەكرىيەلەيدۇ.



ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگى ئادرىسى

ئۆلار چاشقانغا دوست بولالامدۇ؟
ياق! بىراق ئۆلار سۇ ئۈزەلەيدۇ.






ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ئۇلار چاشقانغا دوست بولالامدۇ؟ ياق!
بىراق ئۇلار يەردە ئۆمىلىيەلەيدۇ.





ۋاھ! چاشقانچاق ئاخىرى يامشىپ چىقىپ - چۈشەلەيدىغان ياخشى دوستلارنى تاپتى. ئۇلار بىرلىكتە نېمىدېگەن كۆڭۈللۈك ئوينىغان ھە!

**ئەسكەرتىش**

بۇ زېھنىنى ئاچىدىغان بالىلار چۆچىكى. ئانا سىلىشتۇرۇش ئۇسۇلى ئارقىلىق بالىغا بەزى ھايۋانلارنىڭ ئالاھىدىلىكلىرىنى تونۇتۇپ، بالىنىڭ تۇرگە ئايرىش ۋە يىغىنچاقلاش ئىقتىدارىنى چېنىقتۇرسا بولىدۇ. ئەلۋەتتە، تەبىئەت دۇنياسىدا چاشقان بىلەن تىيىننىڭ بىرگە ياششى مۇمكىن ئەمەس.



www.uyghurkitap.com

(كۆزىتىش ئىقتىدارى)

# چوڭ ـ كىچىكلىكنى سېلىشتۇرۇش

بالا ئاۋۋال ئانىسى بىلەن قول، پۇت ۋە يۈزلىرىنىڭ چوڭ ـ كىچىكلىكىنى سېلىشتۇرۇپ، ئاندىن دادىسى بىلەن ئانىسىنىڭ يۇقىرىقى ئەزالىرىنى سېلىشتۇرۇپ باقسا بولىدۇ.



**ئەسكەرتىش**

*بۇ ئويۇن باللارغا ئويناش جەريانىدا چوڭ ۋە كىچىكنى تونۇتىدۇ، ھەمدە سېلىشتۇرۇش ئارقىلىق چوڭ ۋە كىچىكنىڭ نىسبىتىنى ھېس قىلدۇرىدۇ.*

#  كىم تېز يۈگۈرەيدۇ؟

تاشپاقا بىلەن پىل يۈگۈرۈشتە بەسلىشىپتۇ، قېنى ئېيتىپ بېقىڭ، كىم تېز يۈگۈرەيدۇ؟





www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى

(تەپەككۇر ئىقتىدارى)

# ئېيىقنىڭ دەريادىن ئۆتۈشى



ئېيىق قانداق قىلغاندا دەريادىن ئۆتەلەيدۇ؟ قېنى دەپ بېقىڭ ياكى ئويلىغان ياخشى چارە ـ ئۇسۇللارنى بىۋاستە كىتابقا سىزىپ كۆرسىتىڭ.

**ئەسكەرتىش**


ئېيىقنىڭ دەريادىن ئۆتۈش ئۇسۇلى خىلمۇخىل، مەسىلەن، بىر كۆۋرۈك ياساش، كېمىگە ئولتۇرۇش، سۇ ئۈزۈش قاتارلىقلار. ئانا ئاتىلارنىڭ بارىچە بالىنى كۆۋرۈكتىن ئۆتۈشنىڭ بىر نەچچە خىل ئۇسۇلىنى تېپىشقا ئىلھاملاندۇرۇش كېرەك. بۇمۇ بالىنىڭ تەپەككۇر قىلىش ئىقتىدارىنى يېتىلدۈرۈشنىڭ ياخشى پۇرسىتى.

# ئۇلار كىملەر؟

(كۆزىتىش ئىقتىدارى)



كىچىك هايۋانلار ۋە ئۇلارنىڭ كۆلەڭگىسىنى تېپىڭ.







**ئەسكەرتىش**

هاۋا ئوچۇق كۈندە، ئانا بالىنى باشلاپ دالىغا چىقىپ كۆلەڭگە دەسسەش ئويۇنى ئويناپ، بالىغا كۆلەڭگىنىڭ ئالاھىدىلىكى ۋە ئۆزگىرىشىنى كۆزەتكۈزسە بولىدۇ.

www.uyghurkitap.com



(كۆزىتىش ئىقتىدارى)

# كۈندۈز بىلەن كېچە



قېنى ئېيتىپ بېقىڭ، قايسى رەسىمدىكىسى كۈندۈز، قايسى رەسىمدىكىسى كېچە؟



**ئەسكەرتىش**

بالا كېچە بىلەن كۈندۈزگە ھۆكۈم قىلغاندىن كېيىن، ئانا بالىدىن ئۇنىڭ ھۆكۈم قىلىش سەۋەبىنى سوراپ، بالا بىلەن بىللە كۈندۈزى قىلىدىغان ئىشلار بىلەن كېچىسى قىلىدىغان ئىشلارنى ئېيتىپ باقسا، ھەمدە ئوخشىماسلىقلارنى سېلىشتۇرۇپ چىقسا بولىدۇ.



(تەپەككۇر ئۇقتىدارى)

# ئاسلاننىڭ قارما[illegible]ېلىشى

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىڭى ئادرىسى

ئاسلان بىر تال ئۇزۇن قارماق سېتىۋالدى، ئۆيگە توغرىسىغا قىلىپ ئەكىرەي دېسە ئىشىك بەك تار، تىك قىلىپ ئەكىرەي دېسە ئىشىك بەك پاكار بولۇپ قاپتۇ. ئاسلان قانداق قىلىشى كېرەك؟


**ئەسكەرتىش**


ئانا بالىغا بىر تال ئۇزۇنراق بامبۇك تاياق بېرىپ، ئۇنىڭغا ئەمەلىي مەشغۇلات جەريانىدا ئامال تاپقۇزۇش كېرەك.

# ئوخشاشلىقلارنى تېپىش

(كۆزىتىش ئىقتىدارى)


رەسىمدە قانچە ئاسلان بار؟ قايسى ئاسلانلارنىڭ ھەرىكەتلىرى ئوخشاش؟ رەسىمدە قانچە مايمۇنچاق بار؟ قايسى مايمۇنچاقلارنىڭ ھەرىكەتلىرى ئوخشاش؟





# نېمىلەر يوقاپ كېتىپتۇ؟!

(ئەستە تۇتۇش ئىقتىدارى)




بۇ رەسىمنى تەپسىلي كۆزەتكەندىن كېيىن كېيىنكى بەتنى ئېچىڭ، كېيىنكى بەتتىكى رەسىمدە نېمىلەر كۆپىيىپ قاپتۇ، نېمىلەر ئازىيىپ قاپتۇ.


www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى



## رەسىملەرنى قۇراشتۇرۇش

(كۆزىتىش ئىقتىدارى)






بۇ پارچە رەسىملەر ئايرىم-ئايرىم ھالدا چوڭ رەسىمنىڭ قايسى بۆلىكى بولالايدۇ؟ قېنى تېپىپ بىقىڭ؟

www.uyghurkitap.com


توخۇ چۇجسى بلەن
ئۆردەك چۇجسى
(بلم هېكايسى)
1. بر كۈنى توخۇ چۇجسى بلەن ئۆردەك چۇجسى ئوينىغلى چقپتۇ.
2. ئۇلار دەريا بويىغا كەپتۇ. ئۆردەك چۇجسى سۇنى كۆرۈپ، ئۆزىنى ئېتپتۇ.
3. توخۇ جۇجسى قورققنىدىن: "قۇتقۇزۇڭلار! ئۆردەكچاق سۇغا چۇشۇپ كەتتى!" دەپ ۋارقراپ كېتپتۇ.

www.uyghurkitap.com

4. بىراق، ئۆردەك چۆجىسى سۇ ئۈزەلەيدىكەن، ئۇ سۇدا ئىنتايىن كۆڭۈللۈك ئۈزۈپتۇ.




5. ئۆردەك چۆجىسى توخۇ چۆجىسىنىمۇ سۇغا چۈشۈپ سۇ ئۈزگىن دېگىنىكەن، توخۇ چۆجىسى: "مەن سۇ ئۈزەلمەيمەن" دەپتۇ.

6. ئۆردەك چۆجىسى: "ئەنسىرىمە، مەن ساڭا سۇ ئۈزۈشنى ئۆگىتىپ قويىمەن" دەپتۇ. سىز ئېيتىپ بېقىڭ، توخۇ چۆجىسى سۇ ئۈزۈشنى ئۆگىنەلەرمۇ؟




**ئەسكەرتىش**

بۇ ھېكايىگە نۇرغۇن بىلىملەر يوشۇرۇنغان. ئائىلە باشلىقى بالىلارغا ئۆردەك چۆجىسىنىڭ پەيلىرىدە بىر قەۋەت مايىنىڭ بولىدىغانلىقىنى، سۇغا چۈشۈشتىن قورقمايدىغانلىقىنى ئېيتىپ بەرسە بولىدۇ. ئۆردەك چۆجىسى سۇدا مىدىر-سىدىر قىلماي تۇرغان تەقدىردىمۇ سۇغا چۆكۈپ كەتمەيدۇ. بىراق، توخۇ چۆجىسىنىڭ پەيلىرىدە ماي قەۋىتى يوق بولۇپ، سۇغا يولۇققان ھامان ھۆل بولۇپ كېتىدۇ. ئەلۋەتتە، ئەگەر ھايۋانلارنى ئادەملەشتۈرۈپ تەسەۋۋۇر قىلساق، ئۇ چاغدا توخۇ چۆجىسى لەيلىتىش چەمبىرىكى كىيىۋالسا بولىدۇ.




# كىم چاققان؟

(ھۆكۈم قىلىش ئىقتىدارى)



بۆجەن، ئاسلان ۋە تۈلكە كانايدىن شۇڭغۇش مۇسابىقىسى ئۆتكۈزۈپتۇ. سىزنىڭچە كىم ئەڭ تېز شۇڭغۇپ ئۆتەلەيدۇ؟



# نېمىلەر ئوخشىمايدۇ؟



(كۆزىتىش ئىقتىدارى)

ئاۋۋال بىرىنچى پارچە رەسىمگە قاراپ، رەسىمدە نېمىلەر بارلىقىنى ئېيتىپ بېرىڭ، ئۆردەك ۋە باشقا قۇش چۈجىلىرىنىڭ شۇنداقلا گۈللەرنىڭ ھەر قايسىسىدىن قانچىدىن بارلىقىنى ساناپ بېقىڭ، ئاندىن ئىككىنچى پارچە رەسىمگە قاراپ، ئۆردەك ۋە باشقا قۇش چۈجىلىرىنىڭ شۇنداقلا گۈللەرنىڭ ھەر قايسىسىدىن قانچىدىن بارلىقىنى ساناپ بېقىڭ، ئاخىرىدا ئىككى رەسىمنى سېلىشتۇرۇپ، ئىككىنچى رەسىمدە نېمىلەرنىڭ كەملەپ قالغانلىقىنى ئېيتىپ بېرىڭ.






ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

(زېھىننى مەركەزلەشتۈرۈش ئىقتىدارى)

# كىمنىڭ شارى؟

قېنى ئىنچىكىلىك بىلەن قاراپ بېقىڭ، قىزىل شار كىمنىڭكى؟ سېرىق شارچۇ؟



# كىمنىڭ ئايىغى؟

(ھۆكۈم قىلىش ئىقتىدارى)

قىنى ئېيتىپ بېقىڭ، قايسى ئاياغلار دادىسىنىڭ؟ قايسى ئاياغلار ئاپىسىنىڭ؟ يەنە قايسى ئاياغلار كىچىك دوستىمىزنىڭ؟



**ئەسكەرتىش**

ئانا بالىنى ئۆيدىكى ئاياغلارنى تەلەپكە ئاساسەن تۈرلەرگە ئايرىشقا بۇيرۇسا بولىدۇ. مەسىلەن: كىيىملەرنى پەسىلگە قاراپ ياكى كىيىدىغان ئادەمنىڭ ئوخشىماسلىقىغا ئاساسەن تۈرلەرگە ئايرىتىش ئارقىلىق ئۇلارغا تۈرگە ئايرىشنى ئۆگىتىش لازىم.

# پەرقىنى تېپىش

(كۆزىتىش ئىقتىدارى)

ئىككى پارچە رەسىمدە ئالتە جايدا ئوخشىماسلىق بار. قېنى ئۇلارنى تېپىپ چىقىڭ.



ئىككى پارچە رەسىمدىكى بارلىق قىزىل گۈللەرنى تېپىپ،
ساناپ بېقىڭ. جەمئىي قانچە دانە قىزىل گۈل بار؟



ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

# كەيندە كىم بار؟

(ماتېماتىكىلىق ئىقتىدارى)

ياچۇەك تومۇزغىنى يېمەكچى بوپتۇ. بىراق ياچۇەكنىڭ كەيندە كىم باردۇ؟ بىردىن يىگىرمىگىچە بولغان سانلارنى تەرتىپ بويىچە تۇتاشتۇرۇپ چىقسىڭىزلا جاۋابىنى بىلەلەيسىز.






# تۈلكە بىلەن مايمۇن

(تەپەككۇر ئىقتىدارى)

تۈلكە مايمۇننى قوغلاپ يېتىشۋالايلا دەپ قالدى. نېمدېگەن خەتەرلىك ھە! مايمۇن نەگە قاچسا بولار؟

**ئەسكەرتىش**


ئەگەر بالا جاۋاب بېرەلمىسە، ئانا ئۇنىڭغا مايمۇننىڭ دەرەخكە چىقىۋېلىشى كېرەكلىكىنى، چۈنكى، تۈلكە دەرەخكە يامىشالمايدىغانلىقىنى، ئەگەر ئۆڭكۈرگە كىرىۋالسا مايمۇننىڭ خەتەرلىك ئەھۋالغا چۈشۈپ قالىدىغانلىقىنى ئېيتىپ بېرىشى كېرەك.





(ساۋات)

# ئايرىپ بېقىڭ

قېنى ئايرىپ بېقىڭ، قايسىلىرىنى كۆكتات يايمىسىغا، قايسىلىرىنى مېۋە يايمىسىغا تىزىش كېرەك.






www.uyghurkitap.com

(تەپەككۇر قابىلىيىتى)

# قۇشلارنى ئۆيىگە ئاپىرىپ قويۇش





ئاۋۋال بۇ تۆت پارچە رەسىمدە قانداق ۋەقە بايان قىلىنغانلىقىنى ئېيتىپ بېرىڭ، ئاندىن بۇ تۆت پارچە رەسىمنىڭ رەت تەرتىپىنى قايتىدىن رەتلەپ چىقىڭ.

**ئەسكەرتىش**

بۇ بالىلارنىڭ لوگىكىلىق تەپەككۇر قابىلىيىتىنى چېنىقتۇرىدىغان ئويۇن، ئانا ئاۋۋال بالىغا بۇ تۆت پارچە رەسىمدە بايان قىلىنغان ۋەقەنى ئېيتقۇزسا، ئاندىن بۇ تۆت پارچە رەسىمنىڭ رەت تەرتىپىنى تۇرغۇزۇپ بىر مۇكەممەل ھېكايىگە ئايلاندۇرغۇزسا بولىدۇ.






www.uyghurkitap.com

# كەمتۈك رەسىملەر

(تەپەككۇر قابىلىيىتى)

بۇ يىرتىۋېتىلگەن رەسىملەرنىڭ ئايرىم ـ ئايرىم ھالدا نېمىلەر ئىكەنلىكىنى ئېيتىپ بېرەلەمسىز؟



www.uyghurkitap.com


(ھۆكۈم قىلىش ئىقتىدارى)

# ئېغىر ۋە يېنىك



لىڭگىرتاقتاقنىڭ ئۈستىدىكى ھايۋانلارنىڭ قايسىسى ئېغىر، قايسىسى يېنىك؟






**ئەسكەرتىش**

ئانا بالىغا لىڭگىرتاقتاقنىڭ ئېغىر تەرىپىنىڭ پەسكە قىيسىيىپ تۇرىدىغانلىقى ھەققىدە ئەسكەرتىش بېرىپ قويسا بولىدۇ. ئەگەر بالا ناھايىتى ئاسانلا جاۋاب بېرەلىسە، ئانا يەنىمۇ بىر قەدەم ئىلگىرىلىگەن ھالدا: مايمۇن، چاشقان، ئېيىقلارنىڭ قايسىسىنىڭ ئەڭ ئېغىر، قايسىسىنىڭ ئەڭ يېنىك ئىكەنلىكىنى سوراپ باقسا بولىدۇ.

(بوشلۇق سېزىمى)



# يۇقىرى ۋە تۆۋەن



قېنى ئېيتىپ بېقىڭچۇ، كىم يۇقىرىدا؟ كىم تۆۋەندە؟







**ئەسكەرتىش**

بۇ، بالىنىڭ بوشلۇق سەزگۈسىنى چېنىقتۇرىدىغان ئويۇن. ئانا بۇ رەسىملەردىن پايدىلىنىپ يۇقىرى-تۆۋەنلىكنى سېلىشتۇرغاندىن سىرت، يەنە ئۆي ئىچىدىكى نەرسە-كېرەك، تاللا بازىرىدىكى مال جازىلىرىغا تىزىلغان تاۋار قاتارلىقلاردىن پايدىلىنىپ بالىغا يۇقىرى بىلەن تۆۋەننىڭ مەنىسىنى چۈشەندۈرسە بولىدۇ.

(تەپەككۇر قابىلىيىتى)

## كىمنىڭ قول ياغلىقى بالدۇر قۇرۇيدۇ؟

ئاسلان بىلەن بۆجەن ئىككىسى قول ياغلىقلىرىنى قۇرۇتماقچى بولۇپتۇ. بۆجەن قول ياغلىقنى ئۆينىڭ سىرتىغا يايسا تېز قۇرۇيدۇ، دەپتۇ. ئاسلان ئۆينىڭ ئىچىگە يايسا تېز قۇرۇيدۇ، دەپتۇ. ئۇلاردىن كىمنىڭ ئېيتقىنى توغرا؟



www.uyghurkitap.com

# يېمەكلىك ئىزدەش

(كۆزىتىش ئىقتىدارى)

بۇغا تىلسىم يوللاردىن ئۆتۈپ يېمەكلىك ئىزدىمەكچى بولۇپتۇ، قېنى ئۇنىڭغا ياردەم قىلالامسىز؟



ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى









# ياغاچ قونچاق



(لوگىكىلىق تەپەككۇر قابىلىيىتى)

بۇ ئوماق ياغاچ قونچاق ئايرىم ـ ئايرىم قىسىملاردىن قۇراشتۇرۇلغان، قېنى سىز قۇراشتۇرۇش تەرتىپىگە ئاساسەن بۇ تۆت پارچە رەسىمگە رەت نومۇرى قويۇڭ.



# گۈللۈك يول

(بوشلۇق سەزگۈسى)

ھەسەل ھەرىسىنىڭ ئۆيىنىڭ ئەتراپىدا نۇرغۇنلىغان چىرايلىق گۈللەر بار ئىكەن، بۇ گۈللەر يول - يول گۈللۈكلەرنى ھاسىل قىلىپتۇ. ئۇلارنىڭ ئارىسىدا بىر گۈللۈك يول ئارقىلىق ئۇدۇللا ھەسەل ھەرىسىنىڭ ئۆيىگە بارغىلى بولىدىكەن. بۈگۈن ھەسەل ھەرىسى مۇشۇ گۈللۈك يولنى بويلاپ ئۆيىگە قايتماقچى بولۇپتۇ. سىزنىڭچە ھەرە قايسى يول بىلەن ماڭسا بولار؟




www.uyghurkitap.com

# ياخشى كۆرۈدىغان يېمەكلىكلەر

(ساۋات)







رەسىمدىكى ھايۋانلارنىڭ ھەممىسىنىڭ ئۆزى ياخشى كۆرۈدىغان يېمەكلىكلىرى بار، قېنى بۇ ھايۋانلارنىڭ ئەڭ ياخشى كۆرۈدىغان يېمەكلىكلىرىنى سىزىق ئارقىلىق تۇتاشتۇرۇڭ.





ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە ئادرېسى
www.uyghurkitap.com



# يېشىل پاقا قەيەردە؟

(كۆزىتىش ئىقتىدارى)


بالىغا ئۈستۈنكى رەسىمدىكى يېشىل پاقىلارنى ساناتقۇزۇڭ ۋە ئۇلارنىڭ قايسى جايلاردا ئىكەنلىكىنى سوراڭ، ئاندىن ئاستىدىكى رەسىمدە جەمئىي قانچە يېشىل پاقا بارلىقىنى، قانچىسىنىڭ كۆلدە، قانچىسىنىڭ يوشۇرۇنۇۋالغانلىقىنى سوراڭ.




(كۆزىتىش ئىقتىدارى)

# قايسىسى ئارتۇق بولۇپ قالغاندۇ؟





ئىنچىكىلىك بىلەن قاراپ باقايلى، بۇ يەردە قانچە جۈپ ئاياغ بار؟ قايسى ئاياغ ئارتۇق بولۇپ قالغان.



# ئۆيدىن چىقىۋاتامدۇ ياكى ئۆيگە كىرىۋاتامدۇ؟

(ھۆكۈم قىلىش ئىقتىدارى)



بۆجەن ئۆيدىن چىقىۋاتامدۇ ياكى سىرتتىن قايتىپ كەلگەنمۇ؟

**ئەسكەرتىش**

ئانا، رەسىمدىكى يىپ ئۇچىغا ئاساسەن بالىغا ئەسكەرتىش بەرسە بولىدۇ. يەنى توشقاننىڭ كۆنلىكى ۋە ئايىغىنىڭ ئۈستىدە قار بار، پەقەت سىرتتىن قايتىپ كەلسىلا دەل مۇشۇنداق بولۇپ قالىدۇ. يەنە يەردىكى ئاياغ ئىزىغا قاراپمۇ، توشقاننىڭ سىرتتىن قايتىپ كەلگەنلىكىنى بىلىۋالغىلى بولىدۇ.

www.uyghurkitap.com

(هۆكۈم قىلىش ئىقتىدارى)




# بۇ قانداق پۇراق؟

پۇراپ بېقىڭ! بۇ نەرسىلەرنىڭ پۇرىقى قانداق ئىكەنلىكىنى ئېيتىپ بېرىڭ.















تېتىپ بېقىڭ! ھەم بۇ نەرسىلەرنىڭ تەمى قانداق ئىكەنلىكىنى ئېيتىپ بېرىڭ؟












بۇ كىچىك ھايۋانلار ئۆيىنى تاپالماي قاپتۇ، سىز ئۇلارنىڭ ئۆيىدىكى يېمەكلىكلەرگە ئاساسەن ئۇلارغا ئۆيىنى تېپىپ بېرەلەمسىز؟

# كىمنىڭ ئۆيى؟

(ھۆكۈم قىلىش ئىقتىدارى)



www.uyghurkitap.com

(بوشلۇق سېزىمى)

# بۆجەنلەر ئۆيگە قايتماقچى

ئۈچ بۆجەن ئۆيگە قايتماقچى بولۇپتۇ، ئەگەر ئۇلار ئوخشاش تېزلىكتە ماڭسا، قايسى بۆجەن ئەڭ بۇرۇن ئۆيگە يېتىپ بارالايدۇ، قايسى توشقاننىڭ ئۆيگە بارىدىغان يولى ئەڭ ئۇزۇن؟





# ئىزدەپ بېقىڭ، ئەستە تۇتۇۋېلىڭ

(ساندىن ساۋات)

ساناپ بېقىڭ، رەسىمدىكى قايسى نەرسىنىڭ سانى بىر، قايسىسىنىڭ ئىككى، قايسىسىنىڭ ئۈچ؟

(تەپەككۇر قابىلىيىتى)

## توشقان بىلەن تاشپاقىنىڭ يۈگۈرۈش مۇسابىقىسى

توشقان بىلەن تاشپاقا يۈگۈرۈشتە مۇسابىقىلىشىپتۇ. سىزنىڭچە ئۇلاردىن كىم ئەڭ بۇرۇن قارشى قىرغاقتىكى قىزىل بايراقنىڭ يېنىغا يېتىپ بارالايدۇ؟




**ئەسكەرتىش**

بۇ سوئالنىڭ خېلى قىيىنلىقى بار، ئانا ئاۋۋال بالىنى توشقان ۋە تاشپاقىنىڭ ئالدىدا نېمە بارلىقىنى، توشقان بىلەن تاشپاقىدىن قايسىسىنىڭ سۇ ئۈزەلەيدىغانلىقىنى ئويلىنىپ بېقىشقا يېتەكلىشى ئاندىن يەنىمۇ بىر قەدەم ئىلگىرىلىگەن حالدا، تاشپاقىنىڭ يېڭىپ چىقىشىنى تەھلىل قىلىش لازىم.

(ئەقىلنى ئېچىشقا پايدىلىق ھېكايە)

# چاشقانچاقنىڭ ئۆيى

1. چاشقانچاق ئۆزىگە باب كېلىدىغان بىر ئۆي تېپىپ ئولتۇرماقچى بولۇپتۇ.



3. بۇ ئۆي ئۇنىڭغا باب كېلەمدۇ؟ ياق! بۇ يەر بەك ئىسسىق، ئۇنىڭ ئۈستىگە ناھايىتى خەتەرلىك.

2. بۇ ئۆي ئۇنىڭغا باب كېلەمدۇ؟ ياق! بۇ يەر بەك سوغۇق.


www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى

4. بۇ ئـۈي ئۇنىڭغا باب كېلەمـدۇ؟ ياق! بۇ يەر بەكلا چوڭكەن.





5. بۇ ئۆيچۇ؟ ئۇنىڭغا باب كېلەمـدۇ؟ ياق! بـۇ يەر بەك كىچىك.





6. بۇ ئۆي ئۇنڭغا باب كېلەمدۇ؟
ياق! بۇ يەر بەك مەينەت ئىكەن.

7. بۇ ئـۆي ئۇنڭغا باب كېلەمدۇ؟
ياق! بۇ يەر بەكلا ۋاراڭ-چۇرۇڭكەن.

www.uyghurkitap.com

9. پاھ! بۇ يەر مۇۋاپىق ئىكەن! چاشقانچاق ئاخىر ئۆزىگە مۇۋاپىق ئۆينى تېپىۋالدى.






8. بۇ ئۆي ئۇنىڭغا باپ كېلەمدۇ؟ ياق! بۇ يەر بەكمۇ قورقۇنچلۇق ئىكەن.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

(پەننى بىلىم)

# سۇ نەگە يوقىلىپ كەتتى؟



داسقا ئازراق سۇ قويۇپ، بالكونغا قويۇپ قويۇڭ، نەچچە كۈن ئۆتكەندىن كېيىن قانداق ئۆزگىرىش يۈز بېرىدىغانلىقىنى كۆرۈپ بېقىڭ.

**ئەسكەرتىش**

ئانا بالىغا سۇنىڭ پارغا ئايلىنىدىغانلىقى ۋە سىڭىپ كېتىدىغانلىقى ھەققىدە ئاددىي چۈشەنچە بەرسە بولىدۇ.

گۈل تەشتىكىگە سۇ قۇيسىڭىز نېمىنى بايقايسىز؟



(لوگىكىلىق تەپەككۇر ئىقتىدارى)

# تاش نەگە كەتتى؟



ئېيىق كۆلگە بىر پارچە تاشنى تاشلاپتۇ. سىزنىڭچە ئۇ قايسى كۆلگە تاشلىغان؟

ئەسكەرتىش

ئانا بالىغا كۆلگە تاشنى تاشلىغان ۋاقىتتا كۆلدە يۇملاق چەمبەرەكلەرنىڭ ھاسىل بولىدىغانلىقىنى ئېيتىپ بەرسە، يەنە داستىكى سۇغا تاش پارچىلىرىنى تاشلاتقۇزۇپ ئوينىتسا بولىدۇ. بالا ئەمەلىيەت جەريانىدا سۇ يۈزىدىكى ئۆزگىرىشنى ھېس قىلالايدۇ.

翻译：海力古丽·衣不拉音
责任编辑：胡达白尔的
责任校对：哈尔木拉提
美术编辑：万俭
装帧设计：万俭　徐洁
民文封面设计：金晔

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە ئادرېسى

دۆلەتلىك مائارىپ كومىتېتى تەۋسىيە قىلغان مۇنەۋۋەر بالىلار ئوقۇشلۇقى

# ئانىنىڭ كۆڭلى بالىدا



ئەقىل - پاراسەت قىسمى

ھېكايىلەر قىسمى

ئومۇمىي ساۋات قىسمى

ISBN 978-7-105-09498-1
9 787105 094981 >
定价:7.00元